# جاڭ جژجۇڭ ۋە شىنجاڭدا قامالغان كوممۇنىستلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى

گاۋ شىنىڭ جۇياڭتۇي لىشۋاڭ

1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مىلىتارىستى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن شىنجاڭدا تۆت يىل قامالغان 131 كوممۇنىست قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، قاتمۇ قات توساقلاردىن ئۆتۈپ يەنئەنگە ساق - سالامەت يېتىپ باردى.

كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش پارتلاش ھارپىسىدا، شۇنچە كۆپ كوممۇنىستلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئوق ئاۋازلىرى ئىچىدە يىراق يوللارنى بېسىپ، ئىنقىلابنىڭ مۇقەددەس جايى يەنئەنگە بېرىشى جۇڭگو ھازىرقى زامان تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋەقەدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر مۇنچە كوممۇنىستلار ۋە يۇقىرىقى ئىشقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بۇ ۋەقە توغرىسىدا ئەسلىمىلەرنى يازغان بولسىمۇ، كوممۇنىستلارنىڭ قانداق قىلىپ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىكى ۋە يەنئەنگە يېتىپ بارغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىپ باقمىدى. بىز ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، شىنجاڭ تۈرمىسىدە قامالغان كوممۇنىستلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىدىكى تۈرلۈك سەۋەبلەر، بولۇپمۇ، جاڭ جژجۇڭ ئەپەندىنىڭ كوممۇنىستلارنى قويۇپ بېرىش ۋە يەنئەنگە بىخەتەر يەتكۈزۈشتە ئوينىغان ھەل قىلغۇچ رولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرمەكچىمىز.

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى يىللاردا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر باراۋەرلىكى قاتارلىق ئىلغار ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يۈرگۈزدى. شۇڭا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىڭ شىسەي بىلەن ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ تۈزدى. كېيىن شىڭ شىسەينىڭ تەلىپى بىلەن پارتىيىمىز زور بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتتى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە يۈكسىلىشىگە زور تۆھپىلەرنى قوشتى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى مۇستەھكەم ئارقا سېپىگە، مۇھىم ستراتېگىيىلىك تۈگۈنگە ئايلاندى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆگىنىشكە ۋە داۋالىنىشقا بارىدىغانلار شىنجاڭدىن ئۆتەتتى.

1941 - يىلى خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋاقىتىنچە پايدىسىز بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، شېڭ شىسەي ئىلغارلىق چاپىنىنى يىرتىپ تاشلاپ، جياڭ جيېشىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن قۇرغان شىنجاڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى ئابۇت قىلدى. دەمدە 1942 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان، سەپىردە شىنجاڭدىن ئۆتكەن كوممۇنىستلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى نەزەربەنت قىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن تۈرمىگە تاشلاندى. تۈرمىدە ئۇلار قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ، سوراققا تارتىلدى، ھەم ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىگە ئۇچرايدى.

1943 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سادىق جەڭچىسى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى پەرزەنتى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرايدى. دۈشمەننىڭ قىرغىنچىلىقى كوممۇنىستلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمەيلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇلار تۈرمىدىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە «ھەممىيلەن بىر نىيەتتە بولۇپ، كوللېكتىپ يەنە تەنگە قايتىش» دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۈشمەننىڭ ئەل قىلىش ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى بىر - بىرلەپ بىتچىت قىلدى. 1945 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، جياڭ جىڭگو شىنجاڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ساۋاقداشلىق ھەم دوستلۇق نامى بىلەن تۈرمىگە كېلىپ ئۇلارنى ئەل بولۇشقا يەنە ئۈندىگەندە، تۈرمىدىكى ئەر - ئايال كوممۇنىستلارنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. 1945 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۈرمە باشلىقى خۇ ۋېيچېڭ ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇگوجىڭغا يوللىغان دوكلاتىدا: «88 كوممۇنىست بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆزلىشىپ، ئۇلارنى ئەل بولۇشقا ئۈندىگەن بولساقمۇ، لېكىن ئۇلار تېخىچە ھوشىنى تاپمايۋاتىدۇ» دېگەن. تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ دانا ھوشۇنداق مۇستەھكەم ئېتىقادى، قەتئىي ئىرادىسى، ئېگىز پۈكمەي كۈرەش قىلىش روھى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا كوللېكتىپ تۈرمىدىن چىقىپ، يەنە تەنگە قايتىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا شەرت ھازىرلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايرىم مۇناپىقلار چىقىپ، شەرمەندە خائىن بولۇپ كەتتى.

شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان كوممۇنىستلار شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قامالغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز بۇ بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ تۈرلۈك چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. 1945 - يىل 8 - ئايدا ماۋ زېدوڭ چۇڭچىڭغا بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەت

جەريانىدا. پارتىيىمىز گومىنداڭ دائىرىلىرىگە سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش تەلىپىنى قويىدۇ. ئاخىرىدا گومىنداڭ ۋە كومپارتىيە ۋەكىللىرى ئىمزالىغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەتدىن مۇھىم خاتىرە» نىڭ 7 - ماددىسىدا: «سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش مەسىلىسىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھۆكۈمەتكە. خائىنلاردىن باشقا بارلىق سىياسىي مەھبۇسلار پۈتۈنلەي قويۇپ بېرىلىشى كېرەك. دېگەن تەلەپنى قويدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى، بۇ ئىشنى ھۆكۈمەت ئۆزى بىر تەرەپ قىلماقچى، جۇڭگو كومپارتىيىسى قويۇپ بېرىلىشكە تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ، دەپ پوزىتسىيە بىلدۈردى» دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. «ئىككى تەرەپنىڭ 10 ماددىلىق كېلىشىمى» پارتىيىمىزنىڭ گومىنداڭدىن شىنجاڭدا قامالغان سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم سىياسىي پاكىتى، شۇنىڭدەك جاڭ جىجۇڭنىڭ جياڭ جيېشىغا پاكىت كۆرسىتىپ كوممۇنىستلارنى ئاشكارا قويۇپ بەرگۈزۈشىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇپ قالدى.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، شىنجاڭدا قامالغان كوممۇنىستلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. جاڭ جىجۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەندە، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قامالغان سىياسىي مەھبۇسلارنى، جۈملىدىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ قانداق ھەل قىلىنىشىنى شۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولاتتى. جياڭ جيېشى قوراللىق باستۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا تىنچ ۋەزىيەتنى بىرلىكتە يارىتىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي مەھبۇسلارنى دەرھال قويۇپ بېرىش دېگەن تەلەپ ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

قىسقىسى، شىنجاڭ تۈرمىسىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ قەيسىرانە كۈرەش روھى ۋە يەنئەنگە كوللېكتىپ قايتىش ئىرادىسى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ گومىنداڭ دائىرىلىرىگە قويغان قەتئىي تەلىپى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمى قاتارلىقلارنى شىنجاڭدا قامالغان كوممۇنىستلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىدىكى مۇھىم ئامىللار دېمەي بولمايدۇ. لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ ئامىللار، بۇ شەرتلەر ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك تاشقى شەرتلەردىنلا ئىبارەت، خالاس. ئۇرۇشنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى قاپلىغان شۇ چاغدا شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى

باشقۇرۇۋاتقان جاڭ جۈجۇڭنىڭ ئىرىنچانلىقى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭدا كوممۇنىستلار
نى قۇتقۇزۇپ قېلىش، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۆتكەن ئورمىدىنى يەردە قويماسلىق
سەمىمىيىتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بولمىغان بولسا، تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ
قويۇپ بېرىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ يەنئەنگە بىخەتەر يېتىپ بېرى
شىدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ تەس ئىدى.

تۆۋەندە بىز جاڭ جۈجۇڭنىڭ كوممۇنىستلارنى قويۇپ بېرىش ۋە ئۇلارنى
يەنئەنگە ئۇزۇتۇپ قويۇشتا ئوينىغان مۇھىم رولى ئۈستىدە توختىلىمىز.

1945 - يىلى 10 - ئايدا جاڭ جۈجۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ، ئۈچ
ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. «ئۇ يولغا چىقىشتىن
بۇرۇن، يولداش جۇئېنلەي ۋە مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقىلى چۇڭچىڭدىكى
چىڭ شىڭگۇي باغچىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە شېڭ شىسەي
تەرىپىدىن قامالغان كوممۇنىستلارنى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى بىر ئامال قىلىپ
قۇتقۇزۇۋېلىشنى ھاۋالە قىلدۇق، ۋېنبەي (جاڭ جۈجۇڭ) پىكرىمىزنى ئېلىپ مەردانىلىق
بىلەن ۋەدە بەردى. شۇڭا بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار ئىچكى ئۇرۇش قايتا باشلىنىش
ھارپىسىدا قويۇپ بېرىلىپ، يەنئەنگە بىخەتەر قايتىپ كەلدى» (دېڭ يىڭچاۋنىڭ «جاڭ
جۈجۇڭ ھەققىدە ئەسلىمە» گە يازغان كىرىش سۆزى). يولداش دېڭ يىڭچاۋنىڭ بۇ سۆزى
جاڭ جۈجۇڭ «مەردانىلىق بىلەن ۋەدە بەرگەن» لىكىنى، بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار
نىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 1946 - يىلى 5 - ئايدا
جاڭ جۈجۇڭ يەنئەنگە ئۈچىنچى قېتىم بارغاندا، يولداش ماۋزېدۇڭمۇ ئۇنىڭغا قاماق
تىكى بىر تۈركۈم يولداشلارنى ئامال قىلىپ قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ھاۋالە قىلدى.
جاڭ جۈجۇڭ «ۋەدە بەرگەن» دىن كېيىن، قاماقتىكى كوممۇنىستلارنى ئاشكارا
قويۇپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەم ئۇلارنى يەنئەنگە يەتكۈزۈش يولىدا يۈرەك
قېنىنى سەرپ قىلدى.

جاڭ جۈجۇڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، جىددىي سۆھبەت داۋامىدا
جۇئېنلەي قاتارلىق يولداشلارنىڭ ھاۋالىسىنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىكى
كوممۇنىستلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەستايىدىل ئىگىلەيدۇ. ئۇ چۈۋۈنى ياڭ جىڭخۇانى
يوقلاپ كېلىشكە تۈرمىگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ جۇئېنلەي بىلەن ئۆتكۈزگەن
سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزىدۇ. ياڭ جىڭخۇا بۇ ئەھۋالنى تۈرمىدىكى پارتىيە
تەشكىلىگە دوكلات قىلىدۇ، جاڭ جۈجۇڭ يەنە تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارغا پۇل ئەۋەتىپ
ھال سورايدۇ. تۈرمىدىكى كوممۇنىستلار بۇنى دەسلەپتە ئىشپىيونلارنىڭ ھىيلە
مىكرىمىكىن دەپ قاراپ، ئېلىشنى رەت قىلىدۇ. كېيىن جاڭ جۈجۇڭ بىلەن جۇئېنلەينىڭ

ئۇزۇن يىللىق قەدىناس دوست ئىكەنلىكىنى. جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇ پۇلنى تۈرمىدىكى يولداشلارغا تۈرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن تۈرمىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى مۇزاكىرە قىلىپ، ئەۋەتىلگەن پۇلنى ئالىدۇ. بۇ چاغدا، جاڭ جىجۇڭ پەقەت مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن سۆھبەت ۋەكىلى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى، ھەربىي ئىشلىرى، ساقچى ئىشلىرىنى باشقۇرالمايتتى. ئۇ چۈۋۈنى تۈرمىدىكى ياڭ جىنخۇانى يوقلاشقا ئەۋەتكەندە، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇگوجېننىڭ توسقۇنلۇقىغا يولۇققان.

جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدىكى سۆھبەت مەزگىلىدە، تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، گومىنداڭ ساقچىلىرى. ئىشپىيونلىرى كوممۇنىستلارغا قاراتقان زىيانكەشلىكىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. دۈشمەنلەر 1945-يىل قىشتىن 1946-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنى ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىم سوراققا تارتتى. كوممۇنىستلار قەتئىي تىز پۈكمەي، دۈشمەننىڭ تەسلىم قىلدۇرۇش سۇيىقەستىنى يەنە بىر قېتىم بىتچىت قىلدى. تۈرمە باشلىقى خۇۋېيچېڭ 1946-يىل 3-ئاينىڭ 19-كۈنى يازغان دوكلاتىدا: «يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى كوممۇنىست جىنايەتچىلەر بىلەن ئايرىم-ئايرىم سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنى ئەندى ھۇشىنى تېپىۋېلىشقا ئۈندىگەن» بولساقمۇ، «لېكىن بۇ جىنايەتچىلەر يەنىلا ھۇشىنى تاپمىدى. ناھايىتى تەرسالىق قىلدى، ماركسنىڭ ئەقىدىلىرى ئۇلارنى شۇنچىلىك چوڭقۇر زەھەرلەپتۇكى، پەندى-نەسىھەت ئارقىلىق ئۇلارنى ئەيۋاشقا كەلتۈرۈش زادى مۇمكىن بولمىغۇدەك» دەپ ھەسرەت چەككەن.

1946-يىل 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ 4-ئاينىڭ 4-كۈنى 3-قېتىم شىنجاڭغا كەلدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپلا: ئىلى تەرەپ بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىش؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش؛ غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىش قاتارلىق ئۈچ ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى. ئۇ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت باشقۇرغاندىن كېيىن، زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنى قويۇۋېتىش يولىدا كۆپ تەرەپلىمە ئىش ئېلىپ باردى. جاڭ جىجۇڭ، تۈرمىدىكى كوممۇنىستلارنى قويۇۋېتىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى يەنئەنگە يەتكۈزۈش كېرەك، ناۋادا ئۇلار بىر بۇيرۇق بىلەنلا قويۇۋېتىلسە، بۇ ئۇلارنى كاپالەتسىز، ھەر ۋاقىت زىيانكەشلىككە ئۇچراش خەۋپى

ئىچىدە قالدۇرغانلىق بولىدۇ، دەپ ئويلىدى. جاڭ چىڭجۇڭ، كوممۇنىستلارنى ئاشكارا قويۇپ بېرىش ۋە ئۇلارنى يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

جاڭ چىڭجۇڭ ئالدى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تەدبىر قوللاندى. ئۇ گومىنداڭنىڭ جۇنتۇڭ، جۇڭتۇڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتا كوممۇنىستلار ئىچىدىكى مۇھىم خادىملارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ خۇگوجيەندىن تۇرمىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ تىزىملىكىنى بىلىۋالدى. جاڭ چىڭجۇڭ يەنە «داجۇڭباۋ» (大众报) گېزىتىنىڭ مۇخبىرىنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىۋاتقان لى زۇڭلىننى تونۇيدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، كوممۇنىستلاردىن يەنە بىر تىزىملىك ئالدى، شۇنىڭ بىلەن، جاڭ چىڭجۇڭ خۇگوجيەنغا كوممۇنىستلارغا يامان نىيەتتە بولماسلىقنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى كەم بولسا، ئۇنىڭ جاۋابكار بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. بۇنىڭ بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئېرىشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا تۇرمىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى تاپىلايدۇ. ئۇ تۇرمىدىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۆزىگە يازغان خېتىگە: «(1) تاماقلىرىنى دەرھال ياخشىلاش؛ (2) تۇرمىدە ئەركىن ھەرىكەتلىنىشكە رۇخسەت قىلىش؛ (3) ھەر ئايدا گېزىت - ژۇرناللارنى يەتكۈزۈپ تۇرۇش ۋە گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى قىلىش؛ (4) يولدىشى بارلارنىڭ كۆرۈشىشىگە رۇخسەت قىلىش كېرەك» دەپ تەستىق سالىدۇ. چۈيۈۋۈنى تۇرمە باشلىقىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ «تۇرمىدىكى بۇ بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى ئوبدان قوغداش»، «ئەگەر بۇلارنى خارلايدىغان، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان، «ياكى باشقىچە ئەھۋال كۆرۈلسە»، «كېسەل بولۇش، بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر»، «تۇرمە باشلىقىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈپ»، «قاتتىق چارە كۆرۈلىدۇ» دېگەن سۆزىنى يەتكۈزگۈزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، تۇرمىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى كۆپ ياخشىلىنىدۇ، كوممۇنىستلارمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يەنئەنگە قايتىش تەييارلىقىغا پائال كىرىشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاڭ چىڭجۇڭ جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما بېرىپ، شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارنى قولغا ئېلىش ئىشىنى شېڭ شىسەينىڭ قىلغانلىقىنى، ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىنچلىق ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋېتىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. جياڭ جيېشى دەسلەپتە ئارىسالدى بولۇپ، بىر پىكىرگە كېلەلمەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا جاڭ چىڭجۇڭ يەنە

كۆپ قېتىم تېلېگرامما يوللاپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ بىرىنچى تەلىپى. تۆرەمدىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا، شىنجاڭدا تىنچلىقنى كۈچەيتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەممە بۇرۇن شىنجاڭغا بارغان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇھىم خادىملىرىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلارنىڭ ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ھازىر تۈرمىدىكىلەرى ئادەتتىكى كىشىلەر، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قېرى - چۆرە، مېيىپ - ناكارلاردىنلا ئىبارەت. «قويۇپ بەرسىمۇ چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ، ۋەزىيەتكە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ» غانلىقى، قويۇپ بەرمىسە بۇ «قارشى تەرەپ ئۈچۈن پاكىت بولىدۇ»، «شىنجاڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە چوڭ توسقۇنلۇق كەلتۈرىدۇ» غانلىقىنى چۈشەندۈردى. جاڭ جىجۇڭ پايدا - زىياننى ئېنىق سۆزلەپ ئەھۋالنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭدا قامالغان كوممۇنىستلارنى قويۇۋېتىشكە ئاندىن ماقۇل بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جاڭ جىجۇڭ تۈرمىگە دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، كوممۇنىستلارنىڭ دەرھال قويۇۋېتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. تۈرمىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ياڭ جىخۇا، گاۋدېڭباڭ، لى يۈنياڭ، جى خې، جۇدەنخۇا، دۇ يىن قاتارلىق ئالتە كىشىنى ۋەكىل قىلىپ جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جاڭ جىجۇڭ ئۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە زىياپەت بېرىپ ياخشى كۈتىۋالىدۇ. زىياپەت داۋامىدا جاڭ جىجۇڭ ئۇلارغا «سەمىمىي سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىپ، مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ ئۇلارنى چوقۇم يەنئەنگە يەتكۈزىدىغانلىقى» نى بىلدۈردى. جاڭ جىجۇڭ يەنە ئۇلارغا ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى، قانچە تېز ماڭسا شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كوممۇنىستلار يەنئەنگە قايتىشنىڭ، جاڭ جىجۇڭ قايتۇرۇشنىڭ تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىدۇ.

بىرىنچى، جاڭ جىجۇڭ قويۇپ بېرىلگەنلەرنى ئاپىرىپ قويۇشقا مەسئۇل بولىدىغان خادىمنى ئوبدان تاللاش كوممۇنىستلارنىڭ يەنئەنگە قايتىپ بېرىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تاۋ سىيۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون قوماندانلىق شتابى قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ليۇ ياجيېنى بۇ ۋەزىپىگە تاللىدى. بەختكە يارىشا، كوممۇنىستلارغا كۆيۈنىدىغان، خىزمەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان خادىم بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، سەپەر ئۈستىدە يولۇققان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىنىدى. ليۇ ياجيېمۇ سەپەر ئۈستىدە كوممۇنىستلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. 1946 - يىلى 6 -

ئاينىڭ 19 - كۈنى لەنجۇغا بارغاندىن كېيىن، پىلان بويىچە ئايرىپ قويۇشقا مەسئۇل بولمىدىغان خادىم ئالماشتۇرۇلماقچى بولغاندا، كوممۇنىستلار بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ ھەمدە ليۇياجيېنىڭ ئايرىپ قويۇشقا داۋاملىق مەسئۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما يوللايدۇ. جاڭ جېجۇڭ بۇ تەلەپكە قوشۇلمىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تېلېگرامما بېرىدۇ. ليۇياجيې كوممۇنىستلارنى تاكى يەنئەن چېگرىسىغىچە ئايرىپ قويۇپ، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى غەلىبىلىك تۈرۈنلاپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

ئىككىنچى، جاڭ جېجۇڭ سەپەر جەريانىدىكى كونكرېت قىيىنچىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ مەخسۇس ئاپتوموبىل ھەل قىلىپ بېرىدۇ. ئۈرۈمچى بىلەن يەنئەننىڭ ئارىلىقى يىراق، ھاۋا كېلىماتى ئۆزگىرىشچان، يولى ئەگرى - توقاي ئىدى، بولۇپمۇ سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى مۆلچەرلەش تەس ئىدى. ئاپتوموبىل بولمىسا يەنئەنگە بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئەگەر مەخسۇس ئاپتوموبىل بولمىسا، ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتتا يەنئەنگە بېرىشنى يەنىلا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئەمدىلا تۈرمىدىن چىققان بۇ كوممۇنىستلار نەچچە يىل تۈرمىدە ياتقاچقا، سالامەتلىكى ئىنتايىن ناچار ئىدى. بولۇپمۇ دارىلئاجىزنىغا يىغقۇېلىنغان شيې لىياڭ قاتارلىق 17 كىشى كېسەل، مېيىپ ئىدى، يەنە نۇرغۇن ئائىلە تاۋابىئاتلار ۋە كىچىك بالىلارمۇ بار ئىدى. جاڭ جېجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ ھاكىمىيەت باشقۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۈرمۇشىنى ياخشىلىغان، يولداشلارمۇ چېنىقىشىنى كۈچەيتىپ، سالامەتلىكىنى خېلى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇشكۈل مۇساپىدە مەخسۇس ئاپتوموبىل بولمىسا بولمايتتى. يولدا يەنە نۇرغۇن ئۆتكەللەردىن ئۆتكەندە، نۇرغۇن كۈتۈلمىگەن قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەندە ئاندىن يەنئەنگە بىخەتەر يېتىپ بارغىلى بولاتتى. جاڭ جېجۇڭ مۇشۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ، سەككىز ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ بېرىدۇ. ئىشەنچلىك شوپۇر تاللايدۇ ھەمدە بىر يەن ئەسكەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئايرىپ قويۇشقا بەلگىلەيدۇ. يولداشلارنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى ئازابىنى يېنىكلىتىش، ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دوختۇر ئاجرىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنئەنگە بېرىشتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ھەل قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، جاڭ جېجۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يەنئەنگە قايتىش سەپىرىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئوچۇق - ئاشكارا قويۇپ بېرىش ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ باردى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قويۇپ بېرىش مەسىلىسى، گەرچە جاڭ جې جۇڭنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئىشلار مۇۋاپىق ھەل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن،

جاڭ جىژ جۇڭ ۋاقىتىنچە ئاشكارا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ھازىرچە پايدىسىز دەپ قارىغان. ئەمما جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، بولۇپمۇ ئاپىرىپ قويىدىغان خادىملارنى تاللاش، قاتناش قوراللىرىنى تەل قىلىش قاتارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، يەنى يەنىمۇ بىخەتەر يېتىپ بېرىش ئاساسي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغاندىن كېيىن، جاڭ جىژ جۇڭ سەپەر ئۈستىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئازايتىپ، كوممۇنىستلارنى يەنىمۇ ئۇڭۇشلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاشكارا قويۇپ بېرىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» «شىنجاڭدىكى بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش رەئىس جاڭ جىژجۇڭنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەدبىرى» دېگەن تېمىدا تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ دەرھال بۇيرۇققا ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھەربىي - ساقچىلىرى تۈرمىدىن چىققان جۇڭگو كوممۇنىستلارغا خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلالمايدىغان بويىدى. 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا، جاڭ جىژجۇڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى گۇجېڭلۇنغا، شەنشى 1 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى خۇزۇڭنەنگە، ئۆلكە رەئىسى جۇشاۋجۇغا ئايرىم - ئايرىم تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارنىڭ يەنئەنگە كېتىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرنى مۇۋاپىق كۈتۈۋېلىشىنى ۋە ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاڭ جىژ جۇڭ يەنئەنگە قايتىدىغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتىنى جۇئېنلەيگە تېلېگرامما ئارقىلىق خەۋەر قىلدى. 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» گە «سىياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلدى، ئۆلكىمىزدە قالغان يۈزدىن ئارتۇق كوممۇنىست يېقىندا يەنئەنگە قاراپ يول ئالماقچى» دېگەن تېمىدا خەۋەر بېسىلىپ، جامائەتچىلىك ۋاقىپلاندۇرۇلدى ھەمدە ئادەم سانى، ئاپتوموبىل سانى، ۋاقتى قاتارلىق تەپسىلاتلارمۇ بىر - بىرلەپ ئېلان قىلىنىپ، كېلىشىمىسلىكنىڭ ئالدى ئېلىندى. خەۋەردە: «تۈرمىگە سولانغان ۋە ئىلگىرى قويۇپ بېرىلىپ، ئۆلكىلىك دارىلئاجىزىنغا ئاپىرىپ قويۇلغان كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئېنىق سانى ئەر 85 نەپەر، ئايال 23 نەپەر، باللار 23 نەپەر، جەمئىي 131 نەپەر ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ھازىر ئۇلارنى قويۇپ بېرىش رەسمىيىتى ئۆتەلمەكتە»، «ئۇلار پات ئارىدا يولغا چىقماقچى، ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمە بەلگىلىگەن خادىملار سەككىز ئاپتوموبىلدا بىرگە ماڭىدۇ». «لەنجۇ، شىئەن ئارقىلىق يەنئەنگە يەتكۈزۈلىدۇ» دېيىلگەن. پۈتۈن مەملىكەتكە شىنجاڭدا 131 نەپەر كوممۇنىست ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قويۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ مۇشۇنداق ئوچۇق ئېلان قىلىنىشى كوممۇنىست

لارنى تۇتۇپ قىلىشنى ئويلىغان خۇزۇڭنەن قاتارلىقلارنىڭ ئەندىشىسىنى كۈچەيتتى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە كوممۇنىستلارنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. شىزىنىڭ بىلەن ئاشكارا قويۇۋېتىشنىڭ شەرت - شارائىتلىرى پۈتۈنلەي ھازىرلاندى. كوممۇنىستلار يولغا چىقىش ئالدىدا، جاڭ جىجوڭ چۈيۈۋنى ئۆزىگە ۋەكالىتەن تۇرمىدىكى يولداشلار بىلەن خوشلىشىشقا ۋە ئۇزىتىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. جاڭ جىجوڭ يەنە سەپەر ئۈستىدە تۇرمۇش خىراجىتى قىلىش ئۈچۈن ھەر بىر كىشىگە 30مىڭ يۈەندىن قەغەز پۇل بەردى.

ئەڭ ئاخىرىدا تۇرلۇك توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، يەنئەنگە باردى. 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، 131 كوممۇنىست ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىن يەنئەنگە قاراپ يول ئالدى. ئاپىرىپ قويىدىغان خادىملار بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشى نەتىجىسىدە، نۇرغۇن كۆتۈلمىگەن قىيىنچىلىقلار ھەل قىلىندى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاپتوموبىل ئەترىتى پىڭلياڭغا يېتىپ باردى. پىڭلياڭدىن يولغا چىققاندىن كېيىن، دىڭەندەك، خۇزۇڭنەننىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ تېلېگراممىسىدا لېيۇياجىيغا، ئاپتوموبىللارنى شىيەنياڭغا يالاپ ئېلىپ كەل، ئۇدۇل شىئەنگە بېرىشقا بولمايدۇ. دىڭەن تەلەپنى قويىدۇ ھەمدە شىيەنياڭدا ئۇلارغا ئاتاپ «مېھمانخانا» تەييارلاپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ كوممۇنىستلارنى تۇتۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغانلىقنىڭ بىشارىتى ئىدى. خۇزۇڭنەن ئورۇنلاشتۇرغان توزاقتىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن، لېيۇياجىي، كوممۇنىستلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كېيىنكى جىددىي قۇتقۇزۇشنى باشا قىلىپ، خۇزۇڭنەننىڭ بۇيرۇقىغا پەرۋا قىلماي، كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ شيەنياڭدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، شىئەنگە باردى. شىئەنگە بارغاندىن كېيىن، كوممۇنىستلاردىن گاۋدېڭباڭ، جى خېلارنىڭ ئالاقىلىشىشى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسى 8 - ئارمىيىنىڭ شىئەندە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئورۇنلاشتى. لېكىن خۇزۇڭنەن ئەسلى پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا «تەكشۈرۈش» نامى بىلەن شىئەندىن ئۆتمەكچى بولغان كوممۇنىستلارنى توختىتىپ قالدى ھەم يولغا چىقىشىغا قويماي، كېچىكتۈردى. جاڭ جىجوڭ لېيۇياجىي بىلەن دۇنىڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ جىددىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خۇزۇڭنەنگە دەرھال تېلېگرامما يوللاپ، بۇ ئىشنى جياڭ جېيشى تەستىقلىغانلىقىنى، ئۇلارنى تېز ماڭدۇرۇۋېتىشنى ئۆتۈندى، ئارقىدىن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئارقىلىقمۇ سۆزلەشتى. لېكىن خۇزۇڭنەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. جاڭ جىجوڭ يەنە جياڭ جېيشىغا كۆپ قېتىم جىددىي تېلېگرامما يوللاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ بىر تۈركۈم خادىملىرىنىڭ

ئادەتتىكى كىشىلەر ئىكەنلىكى، ئۇزۇن ۋاقىت خارلانغانلىقى، كۆپىنچىسى «يارىدار، مېيىپ» لار ئىكەنلىكى، تۇتۇپ قېلىشىنىڭ «ھېچقانچە رولى يوق» لىقى، بولمىسا ئەل ئالدىدا ئىشەنچسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئىشنىڭ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە تاقىلىدىغان مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ. جياڭ جيېشىنىڭ ئالدىنقى «بۇيرۇقى» دىن يېنىۋالماي، خۇزۇڭنەنگە ئۇلارنى قويۇۋېتىشنى سۆيلەپ تېلېگراممىسا بېرىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن جۇئېنلەيمۇ بۇ ئىش توغرۇلۇق گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن سۆزلىشىدۇ. 10 كۈندىن كېيىن خۇزۇڭنەن بۇ بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى ئىلاجسىز چېگرىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. 7- ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتوموبىل ئەترىتى شىخەنزىدىن قوزغىلىدۇ، 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كوممۇنىستلار غەلىبە بىلەن يەنئەنگە يېتىپ بارىدۇ ۋە پارتىيىنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ.

1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «ئازادلىق گېزىتى» يەنئەندىكى ھەر قايسى ساھە خەلقىنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەن يولداشلارنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلان قىلىدۇ. 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» مۇ «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قويۇۋەتكەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن دۇنىڭ قاتارلىقلار يەنئەنگە ساق-سالامەت يېتىپ باردى» دېگەن خەۋەرنى. 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى باش قوماندان جۇدې ۋە قويۇپ بېرىلگەن كوممۇنىستلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ جاڭ جىجۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ: «كوممۇنىستلارنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكى ھەممە يەنئەنگە ئاپىرىپ قويۇشقا خادىملارنى تەيىنلەپ. سەپەردە ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغانلىقى ئۈچۈن يەنئەنگە بىخەتەر يېتىپ بارغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن رەھمەت ئېيتقانلىقى» توغرىسىدىكى خەۋەرنى باسىدۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭغا قايتقاندا، دۇڭ بىۋۇ ئۇنى ئالاھىدە يوقلاپ بارىدۇ ھەممە ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

قۇتقۇزۇۋېلىنىپ يەنئەنگە بارغان كوممۇنىستلاردىن جاڭ زىيى، مامىڭفاڭ فاڭ جىچۈن قاتارلىق 100 نەچچە پارتىيىلىك مۇھىم كادىر پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ئىدى. ئۇلار ئىنقىلابىي قوشۇنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىنقىلاب قاينىمىغا چۆكۈپ، پارتىيىمىزنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ ھاۋا ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا زور تۆھپە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت، تەشۋىقات خىزمەتلىرىدىمۇ نۇرغۇن نەتىجىلەرنى ياراتتى.

شىنجاڭ تۈرمىسىدە ئۇزۇن يىل سولانغان كوممۇنىستلارنى قويۇپ بېرىش ھەم ئۇلارنى كوللېكتىپ ھالدا يەنئەنگە بىخەتەر يەتكۈزۈش — جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆز ئۆمرىدە قىلغان خەلققە پايدىلىق ئىشلىرىنىڭ بىرى. بۇ ئۇنىڭدا جۇڭگو

كومپارتىيىسىگە، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت، سىياسىي جەھەتتە سەگەك مىڭە بارلىقىنى ئىسپاتلىدى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي جۇڭگولۇققا خاس ئالىيجاناب روھنىڭ يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. جاڭ جىجۇڭ كېيىنكى چاغلاردا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل لاگېرىدىن مەردانىلارچە چەك - چېگرا ئاجرىتىپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش ئىشىغىمۇ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ 100 نەچچە كوممۇنىستنى قويۇپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇلارنى يەنئەنگە بىخەتەر يەتكۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تۆھپىسى پارتىيە ۋە خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلانغۇسى.

دىلئارا خەمىت تەرجىمىسى.